# ئەر-ئايال بىر بىرىنىڭ خەۋىرى يوق ھالدا بالا ئېلىشتىن چەكلىنىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكى توغرىسىدا

[ئۇيغۇرچە]

لا يجوز لأحد الزوجين منع الحمل إلا برضى الآخر
[باللغة الأويغورية]


مۇپتى:مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

**الشيخ المفتي:محمد صالح المنجد**

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ**

**المترجم: محمد يوسف**

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى**

**المراجعة: ن. تمكيني**



**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

**1429 - 2008**

islamhouse.com

# ئەر-ئايال بىر بىرىنىڭ خەۋىرى يوق ھالدا بالا ئېلىشتىن چەكلىنىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكى توغرىسىدا

45177- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئاياللار كېسەللىك دوختۇرىغا بىر ئايال كېلىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇتنى چەكلەش دورىسى يېزىپ بېرىشنى سورايدۇ. ئايال ئېرىنىڭ رۇخسەتسىز كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاشتا ئېرىنىڭ يەنە بىر خوتۇنىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن بالىلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ تېخىچە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. دوختۇر ئۇنىڭغا تۇغۇتنى چەكلەش دورىسى يېزىپ بەرسە بولامدۇ؟

جاۋاب:

ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن تۇغۇت چەكلەش دورىسىنى قوللىنىشى ھارامدۇر. چۈنكى بالا ئەر بىلەن ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ ھەققىدۇر. شۇڭا ئۆلىمالار ئەرنىڭ ئايالىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن ئەزلە قىلىش( بالا بولمىسۇن ئۈچۈن سپېرمىنى سىرتقا تۆكۈش) جائىز ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئەر - ئايال ئىككىسى تۇغۇتنى ھامىلىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كېلىشكەن بولسا جائىزدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ساھابىلارنىڭ ئەزلە قىلغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ساھابىلار « بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئەزلە قىلاتتۇق. ھالبۇكى، قۇرئان ئۇنىڭغا چۈشۈپ تۇراتتى.» يەنى ئەگەر مۇنداق قىلىش توغرا بولمىسا ئىدى، قۇرئان كەرىم ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن مەنئى قىلغان بولاتتى. لېكىن ئۆزرۈسىز تۇرۇپ ھامىلىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ نەسىللىنىشكە تەشەببۇس قىلغان ئەمرىگە خىلاپتۇر. ئەسلىدە مۇنداق دورىلارنى پەيدا قىلغانلار يەھۇدىيلار ۋە باشقا ئىسلام

دۈشمەنلىرىدۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ئازايتىش ئۈچۈن بۇنى تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى سان ئازايغانسېرى ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئازىيىدۇ. سان كۆپەيسە ئىشلەپچىقىرىشمۇ كۆپىيىدۇ. بۇ زىرائەتچىلىك، سانائەت ۋە تىجارەت ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئايالنىڭ تېنى ساق، نورمال تۇغالايدىغان بولسا، ئۇنى تۇغۇشتىن مەنئى قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما كېسەلچان ياكى نورمال تۇغالماستىن ئاپېراتسىيە قىلىشقا مۇھتاجلىق بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھامىلىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى جائىز. چۈنكى بۇ ئۆزۈرۈردۇر. (شەيخ ئۇسەيمىنىنىڭ پەتىۋاسى 2- توم556- بەت).

ئايال بۇ دورىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ھالدا ئالغان بولساھارام ، ئۇنىڭ ئېلىشىغا ياردەملىشىشمۇ ھارامدۇر. ئاللاھ قۇرئاندا:« ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ، دۈشمەنلىككە ياردەملەشمەڭلار»(مائىدە سۈرىسى 2- ئايەت)